بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
10- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

سوئال: سەلەف سالىھنىڭ ئەقىدىسىنى دەرسلىك قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قايسى مۇھىم نۇقتىلارغا باغلىنىشلىق؟

جاۋاب: بۇ ئەقىدىنى دەرسلىك قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى — پەيغەمبەر ئەقىدىسىنى بايان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ۋە مۇسۇلمانلارنى شۇ ئەقىدىگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە، ئۇلارنى پىرقىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن، جامائەتلەرنىڭ ئىختىلاپىدىن ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن، بۆلگۈنچىلىكىدىن، گۇرۇھلىشىشىدىن خالاس قىلىش يولىدا جىددىي ۋە سەممىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە باغلىنىشلىقتۇر.

سوئال: سەلەف سالىھنىڭ مەنھەجى ئۈستىدىكى ئەقىدىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟

جاۋاب: سەلەف سالىھنىڭ مەنھەجى ئۈستىدىكى ئەقىدىنىڭ شۇ ئەقىدىنىڭ قىممىتىنى، شۇ ئەقىدىگە ئېسىلىشنىڭ ۋە شۇ ئەقىدىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، ئەڭ مۇھىملىرى:

بىرىنچى، كۆرسەتمە قوبۇل قىلىش مەنبەسىنىڭ ساغلام بولۇشى.

بۇ ئەقىدە سۈزۈك بۇلاقتىن ئېلىنغان. ئۇ سۈزۈك بۇلاق بولسا قۇرئان - سۈننەت، سەلەف سالىھنىڭ ئىجماسى ۋە سەلەف سالىھقا ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن يولباشچى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىجماسىدۇر. ئۇ ئەقىدە بولسا سەلەف سالىھنىڭ ۋە ئۇلارغا ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن يولباشچى مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ يولىغا، دىنىدىكى چۈشەنچىسىگە ئەگىشىشتۇر.

ئىككىنچى، بۇ ئەقىدىنىڭ ئىسنادى اللهقا ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە تۇتاشقاندۇر.

بۇ ئەقىدە مۇسۇلماننى الله تعالى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۇلۇغلاشقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىققا بىۋاستە باغلايدۇ چۈنكى بۇ ئەقىدىنىڭ مەنبەسى — ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئويۇن - چاقچاقلىرىدىن ۋە شۈبھىلەردىن يىراق بولغان؛ يات مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە، لوگىكا، مېتافىزىكا ماتېرىيالىزمى قاتارلىق ئېقىملىرىدىن تەسىرلىنىشتىن خالىي بولغان «قال الله، قال رسوله (الله مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن)»دۇر. يەنە بۇ ئەقىدىنىڭ مەنبەسى بولسا پەقەتلا قۇرئان ۋە سۈننەت، ئۇممەتنىڭ ئىجماسىدۇر.

ئۈچىنچى، بۇ ئەقىدىنىڭ شۇئارى — الله تعالى غا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە تەلتۆكۈس تەسلىم بولۇشتۇر.

بۇ ئەقىدە الله تعالى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە چوڭ - كىچىك ھەر قانداق ئىشتا تولۇق بويسۇنۇش، جەزمىي تەستىقلاش ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمىنى كامىل ئېتىراپ قىلىش ئۈستىگە بەرپا بولىدۇ چۈنكى غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى — الله تعالى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقىغا، چەكلىمىسىگە تولۇق تەسلىم بولۇشتۇر.

تۆتىنچى، بۇ ئەقىدە روشەن، ئېنىق، قۇلايلىق ۋە ئاساندۇر شۇڭا بۇ ئەقىدىدە قالايمىقانلىق، غۇۋالىق ۋە قارىمۇ - قارشىلىق يوقتۇر. مۇرەككەپلىكتىن، تېكىستلىرى بۇرمىلىنىپ كېتىشتىن يىراقتۇر چۈنكى بۇ ئەقىدىنىڭ لەۋزلىرى ئوچۇقتۇر. بۇ ئەقىدىگە ساغلام كۆڭۈللەر ئارام تاپىدۇ. بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچى شەكلەردىن، قۇرۇق خىياللاردىن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن يىراق بولىدۇ چۈنكى بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچى پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ، ئۇلارغا ئەگەشكەن يولباشچى ئىماملارنىڭ يولى ئۈستىدە ماڭغۇچىدۇر.

بەشىنچى، بۇ ئەقىدىگە تەۋھىد، جامائەت، بىرلىشىش ۋە ياردەم مۇجەسسەملەنگەندۇر.

ھەقىقەتەن بۇ ئەقىدە الله تعالى نىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىدۇر ۋە توغرا يولىدۇر چۈنكى بۇ خالىس تەۋھىد ئەقىدىسىدۇر ۋە شېرىكتىن، بىدئەتتىن ھەممە تۈرلىرى بىلەن قوشۇپ ئادا - جۇدا بولۇشتۇر. مۇشۇ ئەقىدە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، دەۋەت قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى بىرلىشىدۇ، كۈچىيىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كەلىمىسى ھەق ئۈستىگە جەملىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ياردەمگە ئېرىشىدۇ ۋە تەمكىنلىككە ئىگە بولىدۇ (زېمىن يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ ۋە الله تعالى نىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلالايدىغان بولىدۇ). يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزگە ئىسلام تارىخى ياخشى گۇۋاھچىدۇر چۈنكى بۇ ئەقىدە الله تعالى نىڭ: «ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار» (سۈرە ئال ئىمران 103- ئايەت) دېگەن چاقىرىقىغا سەممىي ھالەتتە ئاۋاز قوشۇشتۇر.

مۇشۇ ئەقىدىنىڭ غەيرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەر قانداق بىر جامائەتلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى (خۇددى بىز بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى كەبى) بۆلۈنۈپ كېتىش، جېدەل - ماجرا ۋە ئۆتۈق قازىنالماسلىقتۇر.

ئالتىنچى، بۇ ئەقىدە ئەبەدىيلىككە، مۇستەھكەملىككە ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگىدۇر.

بۇ ئەقىدىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى شۇكى — بۇ ئەقىدە بىرلىككە كېلىنگەندۇر. الله تعالى نىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن رىۋايەتەن ۋە دىرايەتەن (رىۋايەت قىلىنىش ۋە چۈشىنىلىش جەھەتتە) مۇھاپىزەت قىلىنغۇچىدۇر. ئومۇمىيلىققا ئىگىدۇر. ھەر قانداق ۋاقىتقا، ھەر قانداق ئورۇنغا، ھەر قانداق قەۋمگە، ھەر قانداق ھالەتكە ماس كەلگۈچىدۇر ۋە ھەر قانداق ۋاقىتنى، ھەر قانداق ئورۇننى، ھەر قانداق قەۋمنى، ھەر قانداق ھالەتنى ئىسلاھ قىلغۇچىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: <سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن> دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى» (سۈرە ئەنفال 9- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

الله تعالى ئىلگىرىكى ئايىتىدە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتتە بولسا ياردەم سورىغان ۋاقىتتا مۆئمىنلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

بۇ ئايەتتىكى ﴿تَسْتَغِيثُونَ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى — سىلەر بەدر كۈنىدە رەببىڭلارغا دۇئا قىلىپ ياردەم سورىدىڭلار؛ ﴿فَاسْتَجَابَ لَكُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — رەببىڭلار سىلەرنىڭ بۇ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى؛ ﴿أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — سىلەرگە ئارقىمۇئارقا نۇسرەت ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىمەن» دېگەن بولىدۇ («تەپسىر ئىبنى ئابباس»تىن ئېلىندى).

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه نىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: [مەن مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ شۇنداق بىر ۋەقەلىكىگە شاھىد بولدۇمكى، بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىگىسى باشقا بىرى بولغۇچە مەن بولسامكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. مىقداد پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇشرىكلارغا بەددۇئا قىلىۋاتاتتى. مىقداد: «بىز خۇددى مۇسانىڭ قەۋمي: <سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى> دېگەندەك دېمەيمىز بەلكى بىز ئوڭ - سول تەرىپىڭدە، ئالدى - ئارقاڭدا سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مىقدادنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولغانلىقىدىن يۈزىدە مەمنۇن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىنى كۆردۈم].

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رضي الله عنه دىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئى الله! مەن سەندىن ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن. ئەگەر خالىساڭ بۈگۈندىن كېيىن ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى بۈگۈن بىزگە ياردەم قىلمىساڭ يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ). شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىدىن تۇتۇپ: <بولدى قىلغىن يا رەسۇلۇللاھ> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <مۇشرىكلار توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ> دېگەن ھالدا سىرتقا چىقتى».

الله تعالى نىڭ: ﴿أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ﴾ «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: <مېنىڭ باشچىلىقىمدا 500 پەرىشتە، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا 500 پەرىشتە بار ئىدى> دېگەن» («مۇختەسەر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: «الْمُؤْمِنُ الْقَوِىُّ خَيْرٌ وَأَحَبُّ إِلَى اللَّهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وَفِي كُلٍّ خَيْرٌ احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ بِاللَّهِ وَلاَ تَعْجِزْ وَإِنْ أَصَابَكَ شَىْءٌ فَلاَ تَقُلْ لَوْ أَنِّى فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا. وَلَكِنْ قُلْ قَدَرُ اللَّهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَانِ» (رواه مسلم).

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشىراقتۇر ۋە الله قا سۆيۈملۈكراقتۇر. ھەر بىر مۆئمىندە ياخشىلىق بار. ساڭا مەنپەئەت بېرىدىغان نەرسىگە ھېرىس بول، الله تىن ياردەم سورىغىن، سۇسلۇق قىلما! ساڭا بىرەر نەرسە (مۇسىبەت) يېتىپ قالسا: <ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق بولاتتى> دېمە! لېكىن <بۇ الله نىڭ تەقدىرىدۇر، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ> دېگىن. شەك - شۈبھىسىزكى، <لو (ئەگەر)> دېگەن سۆز شەيتانغا يول ئاچىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىيسى

بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى مۇنداق شەرھلىگەن: «بۇ يەردىكى <كۈچلۈك> بولۇشتىن مەقسەت — ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئىرادىلىك ۋە جاسارەتلىك بولۇش دېگەننى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ سۈپەتنىڭ ئىگىسى — جىھادتا دۈشمەنگە بۆسۈپ كىرىشى كۆپ؛ جىھادقا چىقىشى تېز؛ جىھادنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان؛ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇشتا، الله يولىدىكى ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشتا ئىرادىلىك؛ ناماز، روزا، زىكىر ۋە بارلىق ئىبادەتلەرگە بەك قىزىقىدىغان؛ ئىبادەتلەرنى تەلەپ قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتا ئاكتىپ بولىدۇ».

شىجائەت ھەققىدە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم باللىرىنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى مەنپەئىتى پەقەت شىجائەت ۋە سېخىيلىق بىلەن مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تعالى كىمكى جېنى بىلەن جىھاد قىلىشنى تەرك ئەتسە الله ئۇنىڭ ئورنىغا جېنى بىلەن جىھاد قىلىدىغان كىشىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، كىمكى مېلى بىلەن جىھاد قىلىشنى تەرك ئەتسە الله ئۇنىڭ ئورنىغا مېلى بىلەن جىھاد قىلىدىغان كىشىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلدى» («الإستقامة» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

بۇ ھەقتە ئىمام زەھەبى: «شىجائەت بىلەن سېخىيلىق ئۆزئارا قېرىنداشتۇر. كىمكى مېلىدا سېخىيلىق قىلالمىسا ھەرگىزمۇ جېنىدا سېخىيلىق قىلالمايدۇ» دېدى («سير أعلام النبلاء» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

بۇ ھەقتە بەزى دانىشمەنلەر مۇنداق دېگەن: «جەڭنىڭ جىسمى شىجائەتتۇر، جەڭنىڭ قەلبى تاكتىكىدۇر، جەڭنىڭ تىلى سۈيقەستتۇر، جەڭنىڭ قانىتى ئىتائەتتۇر، جەڭنىڭ قوماندانى مېھرىبانلىقتۇر، جەڭنى ئالغا باستۇرغۇچى غەلىبە - نۇسرەتتۇر» («نهايةُ الارب فى فنون الأَدب» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ چارلاشقا چىققانلىقى

بەدر قۇدۇقىغا يېقىن ئورۇنغا چۈشكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رضي الله عنه بىلەن چارلاشقا بىۋاستە چىقتى. بۇ ئىككىسى مەككە قوشۇنىنىڭ بارگاھى ئەتراپىدا يۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز بىر ئەرەب بوۋايغا ئۇچرىشىپ قالدى (ئىبنى ئىسھاقنىڭ ئېيتىشىچە بۇ بوۋاي سۇفيان زەمرى ئىدى). ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ بوۋايدىن قۇرەيش، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەققىدە سورىدى. رەسۇلۇللاھ

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ﷺ نىڭ ئۇ كىشىدىن ئىككىلا تەرەپ ھەققىدە سورىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئىدى لېكىن بوۋاي: «سىلەر ماڭا كىم ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بەرمىگۈچە، مەنمۇ ئېيتىپ بەرمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال سەن ئېيتىپ بەرگىن! ئاندىن بىزمۇ ئېيتىپ بېرىمىز» دېدى. بوۋاي: «ئۇنداقتا، شۇنداق پۈتۈشتۇقمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە، شۇنداق!» دېدى. بوۋاي: «ئاڭلىشىمچە، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پالان - پۈستان كۈنى چىقىپتىمىش. ماڭا خەۋەر قىلغان كىشىنىڭ گېپى راست بولسا، ئۇلار پالانى يەردە (مۇسۇلمانلار قوشۇنى تۇرۇۋاتقان ئورۇننى تىلغا ئېلىپ)» دېدى. ئاندىن: «ئەمما قۇرەيشلەرگە كەلسەك، پالان - پۈستان كۈنى چىقىپتىكەنمىش. ماڭا خەۋەر يەتكۈزگەن كىشىنىڭ سۆزى راست بولسا، ئۇلار پالانى يەردە» دەپ مەككە مۇشرىكلىرى تۇرغان جاينى تىلغا ئالدى ۋە: «مەن سىلەر سورىغان سۇئاللارغا جاۋاب بەردىم، ئەمدى مېنىڭ سۇئالىمغا جاۋاب بېرىڭلار، سىلەر ئىككىڭلار كىم؟» دەپ سورىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىز سۇدىن» دەپ جاۋاب بېرىپلا كېتىپ قالدى. بوۋاي: «سۇدىن دېگەن نېمە؟ ئىراق سۇيىدىنمۇ؟» دەپ قاراپ قالدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ كەچ بولغان ۋاقىتتا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنهم لارنى بىر بۆلۈك ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ بەدر قۇدۇقى تەرەپكە مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بەدر قۇدۇقى يېنىغا كېلىپ، مەككە قوشۇنلىرىغا سۇ توشۇش ئۈچۈن چىققان ئىككى خىزمەتكارنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. ساھابىلەر بۇ ئىككەيلەننى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار: «بىز قۇرەيش قوشۇنىنىڭ سۇچىلىرى، قۇرەيش بىزنى سۇ ئەكېلىشكە ئەۋەتكەنىدى» دەپ جاۋاب بەرگەندە مۇسۇلمانلار بۇ جاۋابنى ياقتۇرمىدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەبۇ سۇفيان كارۋىنىنىڭ سۇچىلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى چۈنكى ئۇلار ھېلىھەم كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاندىن مۇسۇلمانلار بۇ ئىككىسىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىرى بۇلار مەجبۇرى:

— بىز ئەبۇ سۇفياننىڭ سۇچىلىرى، — دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئۇرۇشنى توختاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازدىن بىكار بولۇپ ئۇلارغا كايىغاندەك: «ئۇلار سىلەرگە راست سۆزلىسە ئۇردۇڭلار، يالغان سۆزلىسە قويۇپ قويدۇڭلار، ئۇ ئىككىسى راست ئېيتتى. الله بىلەن قەسەمكى بۇ ئىككىسى قۇرەيش قوشۇنىنىڭ سۇچىلىرىدۇر» دېدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككىسىگە سۆز قىلىپ: «ماڭا قۇرەيش قوشۇنى ھەققىدە سۆز قىلىپ بېرىڭلار» دېگەنىدى، ئۇ ئىككىسى: «ئۇلار يىراق كۆرۈنگەن ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدە» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار ئازمۇ كۆپمۇ؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇلار: «كۆپ» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: «بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار كۈنىگە نەچچە تۆگە سويىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «بىر كۈن توققۇز، بىر كۈن ئون» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇشرىكلارنىڭ سانى 900 بىلەن 1000 ئارىلىقىدا ئىكەن» دېدى.

ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە: «قۇرەيش كاتتىلىرىدىن كىم - كىملەر بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئەبۇ بەختەر ئىبنى ھىشام، ھەكىم ئىبنى ھىزام، نەۋفەل ئىبنى خۇۋەيلىد، ھارىس ئىبنى ئامىر، ئامىر ئىبنى نەۋفەل، تۇئەيمە ئىبنى ئەدى ئىبنى نەۋفەل، نەزىر ئىبنى ھارىس ئىبنى كەلدەت، زەمئە ئىبنى ئەسۋەد، ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، نۇبەيھە ۋە مۇنەببىھ (ئۇ ئىككىسى ھەججاجنىڭ ئىككى ئوغلى)، سۇھەيىل ئىبنى ئامىر، ئەمىر ئىبنى ئەبدى ۋەد» دەپ جاۋاب بەردى ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قانچە قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە قاراپ: «ھەقىقەتەن مەككە سىلەرگە جىگەر - پارىلىرىنى تاشلاپتۇ» دېدى.

### جەڭ خەۋەرلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ ئەھمىيەتلىرى

رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەن خەۋەرلىرىنى ۋە مەقسەت - مۇددىئالىرىنى بىلىشكە ئىنتايىن كۆپ ھەرىكەت قىلاتتى. شۇنداق قىلغاندا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا مۇناسىپ پىلان تۈزەلەيتتى. ھەقىقەتەن بەدىر غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى بىۋاستە ۋە ساھابىلىرى ئارقىلىق ھەرخىل ئۇسلۇبتا دۈشمەننىڭ ئاخباراتلىرىنى توپلىغان ۋە بۇ مەخپىيەتچىلىك پرىنسىپىنى بارلىق غازاتلاردا تەتبىقلىغان. قۇرئان كەرىم بۇ پرىنسىپنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(مۆئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)غا يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ. ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار» (سۈرە نىسا 83- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ﷺ بارلىق غازاتلاردا مەخپىيەتچىلىك تەدبىرىنى قوللىناتتى. بۇ ھەقتە كەئب ئىبنى مالىك رضي الله عنه: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر غازاتنى قىلماقچى بولسا، باشقا بىر ئۇرۇشتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى» دېدى.

بەدر غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يوشۇرۇش پرىنسىپى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن ئىپادىلىنىدۇ:

1) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەدردە ئۇچراشقان بوۋايدىن مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ھەققىدە سورىشى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ خەۋەرلىرىنى قۇرەيش كاپىرلىرىدىن يوشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

2) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ تېزلا كېتىپ قېلىشى.

3) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەدردە تۆگىلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇشى. ئائىشە رضي الله عنها دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: «ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى تۆگىلەرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى ئۈزۈشكە بۇيرۇغان».

4) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەدرگە ماڭماقچى بولغىنىنى يوشۇرۇشى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىز سەپەر قىلماقچى، كىمنىڭ ئۇلغى تەييار بولسا بىز بىلەن بىرگە چىقسۇن».

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### گال ئاغرىقى

شىپالىق رېتسېپلار (إن شاءالله):

1. كېكىردەك ئاغرىپ قالغاندا ياكى ئاڭغىنا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندا، سامساقنى چايناپ، سۈيىنى شورىسا، ياللۇغنى ياندۇرۇپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

2. پالەكنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيىنى شېكەر بىلەن قوشۇپ ئىچسە، گال ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

3. پالەكنى سىقىپ سۈيىنى غار - غار قىلسا، گال ئاغرىقى ئۈچۈن مەنپەئەت قىلىدۇ.

4. تۇرۇپنى خام يەپ بەرسە، گال ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.





# سۈرىيە جىھادى ۋە شىئەلەر

(بېشى ئالدىنقىساندا)

دېمەك، رافىزىنىڭ ئەسلى لۇغەت مەنىسى — «رەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىستىلاھى، تەقەززا ۋە لازىم مەنىسى بولسا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان (رضي الله عنهم)لارنى تىللىغۇچىلاردۇر. رەت قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسە زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان (رضي الله عنهم)لارنى تىللىمىغانلىقى شۇڭا رافىزىنىڭ ئەقىدىسىدە ئەلى، ھەسەن، ھۈسەين، فاتىمە، ئىمران ئىبنى ھۈسەين، ئەبۇ زەر، سەلمان فارىسى، مىقداد (رضي الله عنهم) دېگەندەك (يەنى ئەلى رضي الله عنه تەرەپتە تۇرغان) يەتتە - سەككىز ساھابىدىن باشقا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان (رضي الله عنهم) قاتارلىق يۈز مىڭغا يېقىن كۆپچىلىك ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنى «مۇرتەد، مۇناپىق، كاپىر» دەيدۇ. چۈنكى رافىزىيلار: «ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى تارتىۋالغان، ھەزرىتى ئەلىنىڭ خەلىپىلىكى ھەققىدە روشەن، ئوچۇق ئايەت - ھەدىس بار ئىدى. ئۇلار ۋەھىي كاتىپلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۇ ئايەتنى ئۆچۈرگۈزۈۋېتىپ، بۇ قۇرئاننى يوق قىلىۋەتكەن. ھازىرقى قۇرئان ھەقىقىي قۇرئان ئەمەس، ھەقىقىي قۇرئان ئىمام مەھدىنىڭ قولىدا، ھەقىقىي قۇرئان چىقىپ بولغۇچە ساختا قۇرئانغا ئەمەل قىلغاچ تۇرىمىز» دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ بۇرمىلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە مۇتىۋاتىر. ئاتالمىش «ئەلكافى» دېگەن كىتابتا جەئفەر سادىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇھەممەدكە جىبرىئىل ئېلىپ چۈشكەن قۇرئان 16000 چە ئايەت بولۇپ، بىزنىڭ قولىمىزدىكىسى پەقەتلا 6000 چە ئايەت، قالغىنى ئەلى توپلىغان بويىچە ئەھلى بەيتنىڭ قولىدا باردۇر».

ئۇلار ئۆزلىرىنى «12 ئىمامچىلار، ئىمامىيە (يەنى خەلىپىچىلەر)، جەئفەرىيە» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئۇلارنى «رافىزىي» دېيىش قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ. ئۇلار: «خەلىپىلىك ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن 12- ئىمام غايىب بولۇپ كەتكەن، ئوتتۇرىغا چىقىشى كۈتۈلگەن مەھدىي دەل ئاشۇ غايىب ئىمام بولۇپ، ئۇ يوق چاغدا مۇجتەھىد ئالىملار ئۇنىڭ ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. «12 ئىمامچىلار» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب بولسا، ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه دىن تارتىپ 12 ئىمامنى زەنجىرسىمان بېكىتىشىدىن كەلگەن.

شىئەلەرنىڭ «ئەلكافى»، «تەھزىيب» ۋە «ئەلۋافى» قاتارلىق كىتابلىرى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رضي الله عنه لارغا؛ ئائىشە، ھەفسە رضي الله عنها لارغا ۋە باشقا ساھابە كرام رضي الله عنهم لارغا ئېغىر، قەبىھ تىل - ھاقارەتلەر ۋە لەنەت قىلىش بىلەن تولغان. تېخى شىئەلەرنىڭ ساھابە كراملارغا، پۈتۈن ئۈممەتكە لەنەت قىلىشتا «ئىمامىلىرىمىزدىن قالغان» دەيدىغان ئالاھىدە مەخسۇس دۇئالىرى بار. بىرلا مىسال ئالساق، «ئەلكافى» 3- توم 351- بەتتە: «ئائىشە بىلەن ھەفسە ئىككىسى دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرۇلىدىغان كاپىر، مۇناپىقتۇر» دېيىلگەن. رافىزىيلار مۇھەممەد ئىبنى ياقۇپ ئەل كۇلەينى تۈزگەن «ئەلكافي» دېگەن بۇ كىتابنى بىزنىڭ «سەھىھۇل بۇخارى»دەك «سەھىھ ھەدىس كىتابى» دەپ؛ جەئفەر سادىقنىڭ قۇرئان توغرىسىدا ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزىنى «ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىر بولىدىغان دەرىجىدىكى مۇتىۋاتىر، مەشھۇر ھەدىس» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

شىئەلەرنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر (رضي الله عنه)لارنى كاپىر دەپ ھاقارەتلىشى بەكلا ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ، شىئەلەرنىڭ «ئەلۋافىي» دېگەن كىتابىنىڭ 44- بېتىدە ۋە ئۇندىن كېيىنكى بەتلەردە ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان سۆزلەر بار. ئۇلار بۇ ئىككى كاتتا ساھابىنى «لەنەت قىلىنغان پاسكىنىلار، تاغۇتلار، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ فىرئەۋنى بىلەن ھامانى؛ مۇناپىقلىقتا، پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىكتە، ئىسلامغا زىيان ئۇرۇشتا ئەڭ يامان مۇناپىق» دەپ قارايدۇ.

شىئە كىتابلىرىنىڭ ئېنىق ئىپادىلىشىچە: «شىئەدىن باشقا پۈتۈن ئىسلام پىرقىلىرى كاپىردۇر، مەلئۇندۇر، دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنى ئەلىنىڭ ئالدىغا قويغان ناۋاسىبلارنىڭ[1] قېنى بىلەن مېلى ھالالدۇر».

شىئەلەرنىڭ غۇلات (چېكىدىن ئاشقان لىرى يەنى باتىنىيلار «ئىمام زەيد ئىبنى ئەلىنى ئىنكار قىلىمىز، ئىمام زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ ئىنىسى بولغان مۇھەممەد باقىرنى ئېتىراپ قىلىمىز، مۇھەممەد باقىر 5- ئىمام، مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى جەئفەر سادىق ئىبنى مۇھەممەد 6- ئىمام. ئىماملىق ھەزرىتى جەئفەر سادىقتىن كېيىن ئوغلى مۇسا كازىمغا ئەمەس، ئوغلى ئىسمائىلغا يۆتكەلگەن» دەپ «12 ئىمامچىلار» دىن ئايرىلىپ چىققان. ئۇلار «ئىسمائىلىيە» دەپ ئاتالغان. ئۇلار يەنە «7 ئىمامچىلار (يەنى خەلىپىچىلەر)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

باتىنىيلارنىڭ كاپىرلىقىدا شەك يوق. ھەتتا كاپىر بولغان رافىزىيلارمۇ باتىنىيلارنى «كاپىر» دەيدۇ. يۇقىرىدىكى جەئفەر سادىق قاتارلىق ئالىملار ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ياخشى مۇجتەھىد، زاھىد، تەقۋا، يېتۈك ئالىملار ۋە الله نىڭ دوستلىرى بولۇپ، بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرىمىز. رافىزىيلار ئۇلارنىڭ نامىدىن يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ، ئۇلارنى كۆتۈرۈشتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

ئىمام زەيد ئىبنى ئەلىنىڭ «ئىمام ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەردىن ئىمام ئەلى ئەۋزەل» دېگەن ئەقىدىسىدىن يەنە «زەيدىيە»لەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يەنە «مفضلة (يەنى ئەلىنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەردىن ئەۋزەل سانىغۇچىلار)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زەيدىيەلەر شىئەلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەھلى سۈننىگە[2] ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىرى بولۇپ، كالامى قاراشلىرى ئەھلى سۈننىلەر ئىچىدىكى مۇئتەزىلە بىلەن ئەشئەرىيلەرنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆلىمالار: «<شىئەلەر كاپىر ئەمەس> دېيىلسە زەيدىيەلەرنى كۆزدە تۇتىمىز» دەيدۇ. بۇلار يەمەن، ئومان قاتارلىق جايلاردا بار. بۇ پىرقىدىكىلەر ئىلاھىي بەلگىلىمە ئەقىدىسى ھەققىدە: «ئىلاھىي بەلگىلەش ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولماستىن مەلۇم سۈپەتلەرگە قارىتا بولغان» دەپ قارىغان. دېمەك، زەيدىيەدىن باشقا شىئە تائىپىلىرى خەلىپىلىك مەرتىۋىسىدىكى ئىماملارنى مەسۇم ۋە مۇقەددەس ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنى، ھەممە ئىلىملەرنى، ھەممە تىللارنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا توختاۋسىز ئىلاھىي ئىلھام كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، كىچىكىدىن تارتىپ بىر ئىنساندىن دەرس ئالماي ھەممە مەرىپەتنى بىلىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار: «ئىمام مەسۇم بولغاچقا بارلىق ئۈممەت خاتالاشسىمۇ ئىمام خاتالاشمايدۇ، ئىمام پەيغەمبەرنىڭ بارلىق ھوقۇقىغا ئىگە، شۇڭا ئىمام دىنىي جەھەتتە بىردىنبىر مەنبە ۋە ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئىمامەتچىلىك (خەلىپىچىلىك) ئەقىدىسىدىن باشقا، شىئەلەردە يەنە ئەھلى سۈننەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئەقىدىلەر بار. مەسىلەن، تەقىييە (مۇقەررەر زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچكى ئېتىقادىنى يوشۇرۇپ باشقىچە كۆرۈنۈش) ئەقىدىسى.

بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىنىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. زەيدىيەدىن باشقىلىرى: «تەقىييە قىلىش پەرز ئەين» دەيدۇ. تەقىييەنىڭ ھۆكمى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ نەزىرىدىكى نامازنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

شىئەلەر ئىماملىرىدىن رىۋايەت قىلغان قارىمۇقارشى رىۋايەتلەرنى ئىزاھلاشتا «ماۋۇنى تەقىييە قىلىپ دېگەن» دەۋالىدۇ. بۇ مەسىلىنى شىئە ئىماملىرى فىقھى ئاساسلىرى قاتارىدىن قىلىپ ئىماملىرىدىن كەلگەن كۆرسەتمىلەرنىڭ بەزىسىنى رەت قىلىۋېتىشكە قوللىنىدۇ. شىئەلەر ئاساسەن تەقىييە مەسىلىسىنى كاپىرلارغا قارىتا ئەمەس، ئەھلى سۈننەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

شىئەلەر نىكاھى مۇتئە (ۋاقىتلىق نىكاھ)نى «ھالال» دەپ قارايدۇ.

تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇش ۋە ئىككى ئۆتۈككە مەسھە قىلىشنى «ھارام» دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى پۇت يۇيۇش بىلەن ئۆتۈككە مەسھە قىلىش مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن. شىئەلەر خەلىپە بولۇش ياكى مۇسۇلمانلارغا رەئىس بولۇشنى پەيغەمبەرلىككە قىياس قىلىپ ئۇنىمۇ «ئىلاھىي بەلگىلەش بىلەن بولىدۇ، خەلقنىڭ تاللىشى بىلەن بولمايدۇ» دەپ قارىغان. خەلىپىلەرگە پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش مەسۇملۇق مەرتىۋىسىنى بەرگەن، بەلكى تېخى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغان چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەرلىك «ۋاقىتلىق ئىلاھىي ئىلتىپات» بولۇپ، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ رولى تۈگىگەن. ئەمما خەلىپىلىك بولسا پەيغەمبەرلىك تۈگىسىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ تۇرىدىغان «ئومۇمىي ئىلاھىي ئىلتىپات» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ھەتتا خۇمەينىي خەلىپىلەر (يەنى ئىماملار) نىڭ مەرتىۋىسىنىڭ مۇقەررەب پەرىشتە ۋە ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىماملىرىمىزنىڭ مۇقەررەب پەرىشتىمۇ، ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمۇ يېتەلمەيدىغان يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەزھىبىمىزنىڭ زۆرۈر تەقەززالىرىدىندۇر». نورماللىرى بولسۇن ياكى ئاشقۇنلىرى بولسۇن بارلىق شىئە تائىپىلىرى بۇ ئىلاھىي بەلگىلەش ئەقىدىسىدە بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەقىدىگە تانغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

ئېھسان ئىلاھىي زەھىير يازغان «ئەششىيئە ۋەلقۇرئان» دېگەن كىتاب بىلەن «ئەششىيئە ۋەسسۇننە» دېگەن كىتاب ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، مۇشۇ ئىككى كىتابى سەۋەبىدىن شىئەلەر پاكىستانلىق بۇ ئالىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله نىڭ «مىنھاجۇسسۇننە ئەننەبەۋىييە» دېگەن كىتابىنى شىئەلەرنىڭ ئىمامى خۇمەينىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىم ئايەتۇللاھ ئەلئۇزما ئەبۇل فەزل ئەلبۇرقۇئىي پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ دەرس سۆزلىگەن بولۇپ، بۇ ئالىم نۇرغۇن شاگىرتلىرى بىلەن بىللە شىئەلىكتىن ئەھلى سۈننەتلىككە قايتقان ۋە شاھ دەۋرىدە، كېيىنچە خۇمەينى دەۋرىدە تۈرمىگە سولىنىپ، نۇرغۇن قىيىن – قىستاقلارغا ئېلىنىپ، سۇيىقەستكە ئۇچرىغان. بۇ ئالىمنىڭ شىئەلەرنى تەنقىد قىلىپ يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

ئىزاھات: شىئەلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ئېھسان ئىلاھىي زەھىير يازغان «الشيعة والسنة» دېگەن كىتابقا قاراڭ!

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ئىمامىيە، ئىمام» دېگەن ئاتالغۇلار «خىلاپەت ۋە خەلىپە» دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

① ناۋاسىب ــ ئەينى دەۋردە ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه ۋە ئەھلى بەيتكە ئۆچمەنلىك ئىزھار قىلغۇچىلار بولۇپ، كېيىنچە شىئەلەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمان رضي الله عنهم لارنى ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه دىن ئالدىن ئورۇنغا قويغان ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ھەممىسىنى ناۋاسىب دەيدىغان بولۇۋالغان.

② ئەھلى سۈننەت ــ ئەھلى سۈننەت ئىككى خىل بولۇپ: بىرى، ئام ئەھلى سۈننەت؛ مەسىلەن، مۇئتەزىلىلەر، ئەشئەرىيلەر، ماتۇرىدىيلار ۋە ساپ ئەھلى سۈننىلەر قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلار شىئەلەرگە نىسبەتەن ئەھلى سۈننەت دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، خاس ئەھلى سۈننەت بولۇپ، بۇ ــ ماتۇرىدىي، ئەشئەرىي، مۇئتەزىلە دېگەندەك ئەھلى بىدئەت ئەمەس بولغان ساپ ئەھلى سۈننەتنى كۆرسىتىدۇ.





# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر

(9)

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولسا بۇ جاھىلىيەت رېئاللىقىنى، يەنى ئىسلام پرىنسىپىغا ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا تۈپتىن زىت كېلىدىغان، بىزنى بېسىم ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىلاھىي پرىنسىپ ئىرادە قىلغانچە ياشاشتىن مەھرۇم قىلىۋاتقان بۇ رېئاللىقنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتۇر.

بىز بۇ يولدا باسىدىغان قەدەمنىڭ بىرىنچىسى ــ مۇشۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى، ئۇنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق. بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممەت ئۆلچەملىرىمىزگە جاھىلىيەت جەمئىيىتى بىلەن ئوتتۇرا يولدا ئۇچرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئازدۇر - كۆپتۇر تۈزىتىشلەرنى ۋە تەكشەشلەرنى ئېلىپ بارماسلىقىمىز لازىم. ياق! ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلماسلىقىمىز كېرەك. شەكسىزكى، بىز ۋە ئۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتى يولنىڭ ئاچال ئېغىزىدا، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر قەدەمنى ئورتاق باسقىنىمىزدا ھەق يولنى يوقىتىپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىمىز.

بۇنىڭدا بىز جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە زور قۇربانلارنى بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ لېكىن بىز ئەگەر الله ئۆزىنىڭ ئىلاھىي پرىنسىپى بويىچە بىرىنچى ئەۋلادقا بېكىتىپ بەرگەن ۋە ئۇنى جاھىلىيەت يولى ئۈستىدىن غالىب قىلغان يولدا ماڭىمىز دەيدىكەنمىز بۇ ھەقتە تاللاش ئىختىيارلىقىمىز يوقتۇر.



(سەييىد قۇتۇب رحمه الله)

ئەسلىدە بىز چوقۇم ئۆز پرىنسىپىمىزنىڭ، مەيدانىمىزنىڭ ۋە ئاشۇ ئىمتىيازلىق يېگانە بىرىنچى ئەۋلاد چىققاندەك جاھىلىيەتتىن چىقىش ئۈچۈن ماڭمىساق بولمايدىغان بۇ يولنىڭ خاراكتېرىنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇرۇشىمىز ياخشىدۇر.

ــ شەھىد، ئالىم سەييىد قۇتۇب رحمه الله

(10)

ئى ئازدۇرغۇچى مولللار! ئەينى چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىشى بىلەن سېھرىگەرلەرنىڭ سېھرىگەرلىكى بەربات بولغان ئىدى. بۈگۈن جىھاد مەيدانىنىڭ ئالىملىرى، سىلەر ئۇزاقتىن بۇيان بىر - بىرىڭلارغا ئىز باسار بولۇپ ھارماي - تالماي ياشلارنىڭ ئەقلىگە پۈۋلەپ كېلىۋاتقان سېھىر - ئەپسۇنلىرىڭلارنى بەربات قىلىۋەتتى.

ئى ئوردا موللىلىرى! سىلەرنىڭ سېھرىڭلارنى الله مۇجاھىد ئالىملار ئارقىلىق بەربات قىلدى. سادىق ئالىملارغا ۋە سىلەر سۆيەتتىلگەن نەرسىلەردىن پاك بولغان مۇجاھىدلارغا قىلغان تەنە - ھۇجۇملىرىڭلار الله نىڭ ئىزنى بىلەن ھېچ زىيان سالالمايدۇ.

ئۇرۇقلارنى ئۇندۇرۇپ گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر شەيخ ئۇسامە رحمه الله سول قولىدا ھاراق (ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ)، ئوڭ قولىدا بايراق تۇتقان ھالدا بولسىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىپ بۇ كاپىر ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇش پەرزدۇر. بىز ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئەڭ ياخشى ئىنسانلاردىن دەپ تونۇيمىز (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).

ھەق پارلاق، باتىل شاللاقتۇر. ئى ھەققە ۋاپاسىزلىق قىلىپ باتىل تەرەپ بولۇۋالغانلار! ھەقىقەتكە قايتىپ سەپكە قېتىلىۋېلىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار.

تۇمان تارالغاندا بىلىسەن بىشەك،

مىنگىنىڭ ئاتمىدۇ ۋە ياكى ئېشەك

الله نىڭ دەرگاھىدا دەۋاگەرلەر يىغىلىمىز!

ــ شەيخ ئەبۇزەر سۇمھەرى ئەلىيەمانى (الله ئۇ كىشىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن!)

(11)

ئى ئازادلىق پىداكارلىرى! الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. شۇنى بىلىڭلاركى، ئىسلامنىڭ قەلبى ۋە ئۇنىڭ بۆشۈكى بولغان ئىككى ھەرەم زېمىنىدا ئەھۋال سىلەر ئويلىغاندىنمۇ خەتەرلىكتۇر.

بۇ مۇقەددەس جايلارنى يەھۇد، ناسارا ۋە مەجۇس - رافىزىيلار كونترول قىلىۋالماقتا، ئەگەر ئۇ جايلاردىكى مۇرتەد ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق موللىلىرى بولمىغاندا ئۇلار بۇ ئۇلۇغ ماكانلارغا قول ئۇزۇتالمىغان بولاتتى. دېمەك، ئى پىداكارلار! ئەمدى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى مەجبۇرىيەت چوڭايدى. شۇنداق! ئەمدى بۇ دىن ۋە شان - شەرەپنى قوغداش سىلەرگە ئامانەت بولۇپ قالدى. ھەقىقەتەنمۇ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنىڭ راستلىقىنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ بىرى شۇكى ــ جانلىرىڭلارنى ۋە ماللىرىڭلارنى الله نىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئايىماي پىدا قىلغايسىلەر. بىلىڭلاركى ئۇممەت شۇنداق بىر جەڭگە كىردىكى ئۇنىڭ دەھشىتىنى پەقەت الله بىلىدۇ. شۇڭا الله ئۆز ھىمايىسى ئاستىدا مۇستەھكەم قىلسۇن!

ئۇسامە بىنلادىن رحمه الله باشچىلىقىدىكى جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرگەن بۇ ئۇممەتنىڭ جەڭچىلىرى بولغان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارغا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى تەييارلاڭلار. بىز جىھاد قىلىۋاتقانلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقا قارىتا قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ئوچۇق - ئاشكارىدۇر. بايرىقىمىز روشەن، مەيدانىمىز ئېنىق، يېتەكچىلىرىمىز تولۇق پۇت تىرەپ تۇرماقتا؛ تەبلىغ - دەۋەتلىرىمىز داۋاملاشماقتا، خىرىستىئان باسقۇنچىلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ رايوندىكى يالاقچىلىرى بولغان مۇرتەد ھۆكۈمەتلەر بىلەن مۇشرىك رافىزىيلارغا قارشى جىھادقا سەپەرۋەرلىك چاقىرىقلىرىمىز داۋاملاشماقتا... بىز ھەرگىزمۇ تاغۇتقا خۇشامەت قىلغۇچىلاردىن بولمايمىز.

ــ مۇجاھىدلار رەھبەرلىرىدىن ئەبۇ سۇفيان ئەزدى (الله ئۇ كىشىنى ھىمايە قىلسۇن!)




## چىدىماس

ئەنۋەر بىر ياخشى بالا ئىدى لېكىن چىدىماسلىق قىلىپ ھەممە كىشى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ كۆڭگەنلىكى ئۈچۈن دوستلىرى ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى.

كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى كۆلنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان باللار دېڭىز ۋە كۆل توغرىسىدا پاراڭ سېلىشتى. دېڭىزلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، سۇيىنىڭ تېخىمۇ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى. ئەنۋەر بولسا باشقا چاغدىكىگە ئوخشاشلا بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى دەپ تۇرۇۋالدى. دوستلىرى ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ تارتىشىپ يۈرمىدى. بىر دەمدىن كېيىن يىغىپ كەلگەن نازۇك ۋە سىلىق تاشلارنى سۇنىڭ ئۈستىدە يورغىلىتىشقا باشلىدى. يۇمىلاق تاشلار كۆپكۆك سۇلارنىڭ ئۈستىدە كەكلىك كەبى ھەرىكەت قىلىپ بۇژغۇن چاچرىتىپ چۆكۈپ كېتەتتى. بۇ ئويۇننى ئويناشتا فارۇق ھەممىدىن ئۇستا ئىدى. ئۇ ئاتقان تاشلار سۇلارنىڭ ئۈستىدە تېيىلىپ ئۇزاققا كېتەتتى. فارۇققا چىدىمىغان ئەنۋەر:

ــ قولۇڭدىكى تاشلارغا قاراپ باقاي!

ــ دېدى. فارۇق ئالقىنىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى يىغقان تاشلارنى كۆرسەتتى. ئەسلىدە بۇ تاشلارنىڭ باشقا تاشلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى ئەمما چىدىماس ئەنۋەر بىر باھانە تاپاتتى.

ــ دېمىدىمۇ، قەغەزدەك نىپىز تاشلارنى يىغىپسەن. كىمنىڭ قولىدا بۇنداق تاشلار بولسا ئوبدان ئوينىيالمايدۇ! ــ دېدى. مۇلايىم بالا فارۇق:

ــ ئۇنداق بولسا، سەن بۇلارنى ئال، ئەكەل قولۇڭدىكىنى! تېگىشەيلى، ــ دېدى. لېكىن ئويۇن يەنە ئىلگىرىكىدەك كېتىۋەردى. بىر قاتناش ۋەقەسىدە مېيىپ بولۇپ قالغان ھەيدەر ئاقساپ مېڭىپ ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بۈگۈن باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىسەن ئاداش، ــ دېدى. تاش ئېتىشنى قاملاشتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بىئارام بولۇپ تۇرغان ئەنۋەر:

ــ بۇ ئىشقا سېنىڭ كاللاڭ ئىشلىمەيدۇ، توكۇر! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئەنۋەرنىڭ بۇ خىل قوپاللىقى باشقا باللارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ھەممىسى ئۇنى ئەدەپسىز ۋە مۇتىھەم دەپ ئەيىبلەشتى. ئەنۋەرنىڭ بۇ قىلىقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىسىگە زىت ئەمەسمۇ؟!

«لاَ تُمَارِ أَخَاكَ وَلاَ تُمَازِحْهُ» «دىن قېرىندىشىڭ بىلەن تارتىشما! ئۇنى مەسخىرە قىلما!)» (تىرمىزى توپلىغان).

# پەيغەمبەر تىبابىتى
# بىلىۋېلىش-ئېلىۋېلىش

## ئۈزۈم (عِنَبٌ)

ھەدىسلەر مەزمۇنىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈزۈم ۋە تاۋۇزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى مەلۇم.

الله تعالى ئۈزۈمنى ئۆز كىتابىدا بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە جەننەتتە بەرگەن نېئمەتلەرنى تىلغا ئالغان يەرلەردە، شۇ نېئمەتلەر قاتارىدا ساناپ ئون بىر يەردە تىلغا ئالغان. ئۇ ئەڭ ياخشى ۋە مەنپەئەتلىك مېۋىدۇر. ئۇنى ھۆل - قۇرۇق دېمەي، چالا - پۇتۇن پىشتى دېمەي يېگىلى بولىدۇ. ئۇنى مېۋە دېسە مېۋە، ئوزۇق دېسە ئوزۇقلۇق، قوشۇمچە يېمەكلىك دېسە قوشۇمچە يېمەكلىك، دورا دېسە دورا، ئۇسسۇزلۇق دېسە ئۇسسۇزلۇق... تۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈكتە دانلىق يېمەكلىكلەر تەبىئىتىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۇلۇق، چوڭ كەلگىنىدۇر.

تاتلىق بولۇپ قالسا ئېقى قارىسىدىن ياخشىدۇر. شۇ كۈنى ئۈزۈلگىنىدىن ئۈزۈلگىنىگە بىر قانچە كۈن بولغىنى ياخشىدۇر. ئۇ قورساقتىكى يەلنى ھەيدىگۈچىدۇر. ئېسىلىپ پوستى قۇرۇپ قالغىنى يېمەكلىككە ياخشىدۇر. بەدەننى كۈچلەندۇرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى ئەنجۈر ۋە قۇرۇق ئۈزۈم (كىشمىش) بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ يېسە تەبىئەتنى ناھايىتى ياخشى يۇمشىتىدۇ، كۆپ يەۋېلىش باشنى ئاغرىتىدۇ، ئۇنىڭ داۋاسى چۈچۈك ئانار دۇر. ئۈزۈمنىڭ پايدىسى شۇكى ــ ئۇ بەدەننى مۇلايىملاشتۇرۇپ، سەمرىتىدۇ. ياخشى ئۈزۈم ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ. ئۇ داڭلىق ئۈچ مېۋىلەر پادىشاھلىرىنىڭ بىرى، قالغان ئىككىسى بولسا ھۆل خورما ۋە ئەنجۈردۇر.




(بېشى ئالدىنقى ساندا)

(6) قان بوغقۇچنى ئالماشتۇرىدىغان ۋاقىتتا بوغقۇچنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قىزىل قان تومۇرنى تەگ سۆڭەككە قىسىمىز. ئاندىن بوغقۇچنى بەك ئاستا - ئاستا بوشىتىمىز. يارىلانغان بەدەننىڭ تېرىسى نورماللىشىپ قان تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قان بوغقۇچنى ئۆزىنىڭ كەڭلىكىدىن ئازراق چوڭ ھالەتتە ئۈستىگە سۈرۈپ قايتا چىگىتىمىز (بىر ئورۇنغا چىگىۋەرسەك شۇ ئورۇننىڭ مۇسكۇل، قان تومۇرلىرى بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ).

(7) ئەگەر قان بوغقۇچنى يۇقىرىغا يۆتكەپ چىگىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا (1. بوغقۇچ نەچچە يۆتكىلىپ ئەڭ ئۈستىگە كەپ قالغان بولسا؛ 2. يارا بەدەن ئۈستىدىرەك بولۇپ بوغقۇچ يۆتكەيدىغان بەدەن يۈزى بولمىسا) قان بوغقۇچنى ياكى ئاستى تەرەپكە يۆتكەپ ياكى شۇ جايغا قويۇپ (ئاستى - ئۈستىدە پەقەت ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن) قايتىدىن چىگىمىز.

(8) قان بوغقۇچنى ئىمكانقەدەر نېپىزراق كىيىم ئۈستىدىن ئىشلىتىمىز. تېرىنىڭ ئۈستىگە بىۋاستە باغلاش يارىدارنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ، قېلىن كىيىم ئۈستىگە باغلاش قان توختىتىشقا كاشىلا قىلىدۇ. قىش كۈنلىرى بوغقۇچنى چىگكەندىن كېيىن ئۈستىدىن يېپىنچا يېپىپ قويساق بولىدۇ.

(9) قولىمىزدا مەخسۇس قان بوغقۇچ بولمىغانلىقتىن ئىشلەتمەكچى بولغان يەرلىك بوغقۇچىمىز ناۋادا ئىلاستىكلىقى يوق نەرسە ياكى قىسىپ - سىرىپ چىگىتقىلى بولمايدىغان نەرسە (مەسىلەن، ھەر خىل رەخ، ياغلىقلارغا ئوخشاش) بولۇپ قالسا ئۇنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە قوللىنىمىز:

1. ئاددى بىر چىگىمىز.





2. بۇ چىگكىمىزنىڭ ئۈستىگە تاياق ياكى زىخنى قويۇپ ئۈستىدىن ئىككى چىگىمىز.





3. تاكى داكا چىڭ يۆگەلگىچە ياكى قان ئېقىشتىن توختىغۇچە تاياقنى بۇرايمىز. پۇت ياكى قول ئۇزۇلگەن بىماردا قىسقا ۋاقىت قان سىرغىش داۋاملىشىدۇ. بۇ — بوغقۇچ بىلەن جاراھەت ئوتتۇرىسىدىكى قالدۇق قاندۇر.





4. يېتەرلىك بۇرالغاندىن كېيىن، ياغاچنىڭ بىر ئۇچىدىن پۇت ياكى قولغا مۇقىملاپ چىگىپ قويىمىز.





(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا تېلېفون ۋە ئۇچۇر ئالاقىلىرىدە راست ئىسىم قوللىنىش بەلگىلەنگەن. 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن تېلېفون ۋە ئۇچۇر ئالاقە تورلىرىنى كىملىك كېنىشكىسى بىلەن بېجىرىش باشلانغان.

■ يېقىنقى 10 نەچچە كۈن ئىچىدە بەششار ئەسەد ئارمىيىسى رۇسىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل ئەكراد رايونىدىكى مۇجاھىدلار كونتروللۇقىدىكى نۇقتىلارغا بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىدلار ئۇلارنى چېكىندۇرگەن.

■ ئىسپانىيىنىڭ ۋېلىز مالاكا شەھىرىدە پارتلاش يۈز بېرىپ 77 ئادەم يارىلانغان. پارتلاشنىڭ سەۋەبى تېخى نامەلۇم ئىكەن.

■ ئىسرائىلىيىنىڭ سابىق رەئىسى شىمون پېرىس ئۆلگەن.

■ 10- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى لوگەر ۋىلايىتى چارىخۇل ئۇلۇسۋالىسىدا ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە بىر دانە تانكا پاچاقلىنىپ، مۇرتەد ئەسكەرلەر ئۆز جايلىرىنى تاشلاپ قاچقان.

■ 10- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى مەيدان ۋارداك ۋىلايىتى سەيىد ئاباد ۋادىسىدا مۇرتەد ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان، نەتىجىدە 5 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران قىلىنغان.

■ 10- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى پاكتىيا ۋىلايىتى ئەھمەد خىل ئۇلۇسۋالىسى ھەسەن خىل رايونىدا مۇرتەد ساقچىلارنىڭ ماشىنىسىغا پارتلىتىش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا پاچاقلىنىپ 2 ساقچى ئۆلگەن قالغانلىرى ئېغىر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى باغلان ۋىلايىتى پۇلخۇمرى شەھىرىدە دۈشمەننىڭ چوڭ ئەسكىرىي بازىسىنى مۇھاسىرە قىلغان. مۇرتەدلەر مۇھاسىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان. بۇ مۇھاسىرە جېڭى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ھىلمەند ۋىلايىتى ناتئەلى ۋە مارجا ئۇلۇسۋالىسىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بىخەتەرلىك پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، تولۇق فەتھ قىلغان. 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە كۆپ مىقداردىكى قورال - ياراقلار غەنىيمەت ئېلىنغان. 10- ئاينىڭ 4- كۈنى چۈش ۋاقتى سائەت 12دە باشلانغان بۇ جەڭدە 7 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى فەتھ قىلىنغان، 5 ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران قىلىنغان. يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەمئىي 23 كە يەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى جوۋزىجان ۋىلايىتىنىڭ دەرزاپ رايونىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 5 يېزا ۋە 3 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 9- كۈنى مالىنىڭ ئابىيبارا رايونىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان مىنا پارتلىتىش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە 2 نەپەر فرانسىيە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 4 ى ئېغىر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ باغلان ۋىلايىتى دەندىغۇرى رايونىدا مۇھاسىرىدە قالغان 200 نەپەر مۇرتەد ئەسكەرلەرگە تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن بارغان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 10- كۈنى سۇرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتىنىڭ جەبەل ئەكراد رايونىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز «ئاشۇرا جېڭى» نامىدا جەڭ ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بىر قانچە نۇقتىلارغا باستۇرۇپ بېرىپ يەڭگىل قوراللارنى غەنىيمەت ئېلىپ قايتىپ چىققان. كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخباراتىدا ئېلان قىلىشىچە 67 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى ئېفئوپىيە تاجاۋۇزچى كاپىرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە سومالىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ھىران ۋىلايىتىنىڭ ئەين ئېلى رايونىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە 100 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى ئۆزىنىڭ ھەققە قايتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇلار 30 دانە ئەسكىرىي ماشىنا، 15 رىنجىر، 4 دانە كاماز ماشىنا، 18 دانە موتسىكلىت، 105 دانە ھەرخىل تىپتىكى قورااللار، 150 مىڭ پاي ئوق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئوق - دورا، قورال - ياراقلار ۋە ئەسكىرىي لازىمەتلىكلەرنى مۇجاھىدلارغا تاپشۇرغان.

■ 10- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى بەيداۋا شەھىرى ئەتراپىدا كاپىرلارنىڭ ئەسكىرىي ماشىنىسىغا مىنا قويۇپ 7 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 10- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ئەينىلبىرىس رايونىغا جايلاشقان ئەسكىرىي بازىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 10 نەپەر ئەسكەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| اِخْوَةٌ | ئوغۇل بىر تۇغقانلار |
| أُخْتٌ | قىز بىر تۇغقان |
| اَخَوَاتٌ | قىز بىر تۇغقانلار |
| جَدٌّ | بوۋا |
| اَجْدَادٌ | بوۋىلار |
| جَدَّةٌ | موما |
| جَدَّاتٌ | مومىلار |
| زَوْجٌ | ئېرى |
| اَزْوَاجٌ | ئەرلىرى |
| زَوْجَةٌ | ئايالى |
| زَوْجَاتٌ | ئاياللىرى |
| خَتَنٌ | كۈيئوغۇل |

## جۈمىلىلەر

| | |
|---|---|
| اَبُو مَرْيَمَ | مەريەمنىڭ دادىسى |
| اُمُّ زَيْنَبَ | زەينەپنىڭ ئانىسى |
| اِبْنُ خَدِيْجَةَ | خەدىچەنىڭ ئوغلى |
| اِبْنَةُ عَائِشَةَ | ئائىشەنىڭ قىزى |
| اَبِي | دادام |
| اَبُوْنَا | دادىمىز |
| اَخِي | ئەر بىر تۇغقىنىم |
| اَخُونَا | ئەر بىر تۇغقىنىمىز |
| جَدَّةُ مَحْمُودٍ ضَعِيْفَةٌ | مەخمۇتنىڭ مومىسى ئاجىز |
| زَوجُ فَاطِمَةُ صَحِيْحٌ | پاتىمەنىڭ ئېرى ساق |
| زَوْجَةُ شَرِيْفٍ مَرِيْضَةٌ | شەرىفنىڭ ئايالى كېسەل |
| خَتَنُ عارِفٍ غَنِيٌّ | ئارىفنىڭ كۈيئوغلى باي |